# سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانا —
## بۇ سۈرەت يان تېمى چىقىرىۋېتىلىپ، ئىچى ئېنىق كۆرسىتىلگەن سۈرەت

سۇلايمان پادىشاھ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 960-يىلى «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى»نى يېرۇسالېمدا موريا تېغىدا قۇرۇشقا باشلىدى («پادىشاھلار (1)» 6:1، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:1-2). يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇ ئۇنى پۈتكۈزدى («پادىشاھلار (1)» 6:38).
ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (چۆرىسىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ھۇجرىلارنى ھېسابلىمىغاندا) 60 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 30 گەز (بىر گەز = 460mm . ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسى ئەتراپىغا چوڭ پاسىل تام چۆرۈلگەن.

ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئىچىدىكى ئۆيى («ئەڭ مۇقەددەس جاي»)نىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 20 گەز ئىدى («پادىشاھلار (1)» 6:15-29، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:8-14). ئىككى يوغان كېرۇب «ئەھدە ساندۇقى»نىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ؛ ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 گەز، ھەربىرىنىڭ بىر قانىتىنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قانىتىنىڭ ئۇچىغىچە 10 گەز ئىدى («پادىشاھلار (1)» 6:23-28).
ئەھدە ساندۇقى ئىككى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ («پادىشاھلار (1)» 8:1-11، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 5:2-14نىمۇ كۆرۈڭ).

ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 گەز، كەڭلىكى 20 گەز («پادىشاھلار (1)» 6:15، 17-18، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:5-7نىمۇ كۆرۈڭ).
ئىچىدە ئالتۇن «خۇشبۇيگاھ»، «تەقدىم نان» قويۇلىدىغان ئالتۇن شىرە ۋە ئون ئالتۇن چىراغدان (بەشى شىمال تەرىپىگە، بەشى جەنۇب تەرىپىگە) قويۇلغان («پادىشاھلار (1)» 7:48-49، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:7).

شىمال تەرەپتىكى كاۋاك تۈۋرۈك «ياقىن» دەپ،
جەنۇب تەرەپتىكى كاۋاك تۈۋرۈك «بوئاز» دەپ ئاتىلىدۇ
(«پادىشاھلار (1)» 7:21، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:17)

«مۇقەددەس جاي»نىڭ ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 10 گەز ئىدى («پادىشاھلار (1)» 6:3، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:4)




«دېڭىز» دەپ ئاتالغان يوغان داس، ئېگىزلىكى 5 گەز، دىئامېترى 10 گەز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ بات (44000 لىتر) سۇ سىغاتتى. داس ئون ئىككى بۇقا شەكلى ئۈستىدە تۇرغۇزۇلغان؛ بۇلار ئۈچتىن-ئۈچتىن بولۇپ، تۆت تەرەپكە يۈزلەنگەن («پادىشاھلار (1)» 7:23-26، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:2-5 نىمۇ كۆرۈڭ).

ئارچا ياغىچىدىن ياسالغان، چىرايلىق نەقىشلەنگەن قوش قاناتلىق ئىككى ئىشىك ئايۋان ۋە «مۇقەددەس جاي»نى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئالتۇن بىلەن قاپلانغان («پادىشاھلار (1)» 6:33-35)

كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۆتكۈزۈلىدىغان مىس قۇربانگاھنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 10 گەز ئىدى («تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:1)

ئون «يۇيۇش دېسى» مىستىن ياسالغان؛ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم-ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلاردا يۇيۇلاتتى («پادىشاھلار (1)» 7:27-38، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:6).

مۇقەددەس جاي بىلەن كالامخانا (ئەڭ مۇقەددەس جاي)نىڭ ئوتتۇرىسىغا زەيتۇن ياغىچىدىن ئېتىلگەن، چىرايلىق نەقىشلەنگەن قوش ئىشىكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلار ئالتۇن بىلەن قاپلانغان («پادىشاھلار (1)» 6:31-32).

ئىبادەتخانىنىڭ تېمىغا ياناداش ئۈچ قەۋەتلىك بىر قۇرۇلۇش ياسالغان. تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 5 گەز، ئوتتۇرا قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 6 گەز، ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 7 گەز ئىدى؛ ھەربىر قەۋەتتە ھۇجرىلار ياسالغان (بىر گەز = 460mm). («پادىشاھلار (1)» 6:5-6، 8، 10).